# 272160 ـ ماشىنا بازىرىنىڭ باھالىغۇچىسى باھالاپ بەرگەن مىقداردا ماشىنىغا تۆلەم پۇلى ئېلىشىنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

---

**سۇئال**

بىر كىشى مېنىڭ توختىتىپ قويغان ماشىنامنى سوقۇۋېتىپ، ماشىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى بۇزىۋەتتى، قاتناش ئىدارىسىنىڭ خادىمى ۋەقە يۈزبەرگەن ئورۇنغا كېلىپ، ۋەقەنى تەكشۈرۈپ 100% خاتالىقنىڭ سوقۇۋەتكەن كىشىنىڭ ماشىنىنى بەلگىلەنگەن تىزلىكتىن ئاشۇرۇپ ھەيدىگەنلىك سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى بېكىتتى، قاتناش ئىدارىسىغا بارغان ۋاقتىمدا، ئۇلار ۋەقەنىڭ يازما بايانىنى كۆرۈپ، سوقۇۋەتكەن كىشىنىڭ بارلىق زىيانىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەكلىكىنى بېكىتتى، مېنى ماشىنا بازىرىنىڭ باھالىغۇچىسىنىڭ يېنىغا بېرىشقا بۇيرىدى، مەن ماشىنا بازىرىدىكى ئۈچ باھالىغۇچىنىڭ ماشىنامنىڭ ۋەقەدىن ئىلگىرى 35000 مىڭ(ئوتتۇز بەشمىڭ) ۋەقەدىن كېيىن 14مىڭ رىيالغا يارايدىغانلىقىنى بېكىتتى، ئارىسىدىكى 21000مىڭ(يىگىرمە بىر مىڭ)رىيال چىقتى، بۇ يازما ئىسپاتنى قاتناش باشقۇرۇش ئىدارىسىگە تاپشۇردۇق، مۇشۇ ھالەتتە ۋەقە سادىر قىلغۇچى ئارىلىقتىكى مەبلەغنى ماڭا تاپشۇرىشى كېرەك بولىدۇ. ۋەقە سادىر قىلغۇچى مەن بىلەن سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، ماشىنامنى ياستىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، مەن ئۇ كىشىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدىم، چۈنكى ماشىنا رىمونۇت قىلدۇرۇلغان تەقدىردىمۇ ئەسلىتىدىكى ھالىتىگە قايتمايتتى، ھادىسىگە ئۇچرىغانلىق سەۋەبىدىن بازاردىمۇ باھاسى چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ماشىنامنى ھەيدىگىلى بولمايدىغان ماشىنىلارنى سېتىش ئورنىغا سېتىشنى قارار قىلدىم، سۇئالىم: ماشىنا بازىرىدىكى باھالىغۇچى باھالاپ بەرگەن 21000مىڭ(يىگىرمە بىر مىڭ مىڭ)رىيال پۇلنى ئالسام قانداق بولىدۇ؟، مەن بۇ ماشىنامنى بۇنىڭدىن بىر يېرىم يىل ئىلگىرى 26000مىڭ(يىگىرمە ئالتە مىڭ)رىيالغا سېتىۋالغان ۋە بەزى جايلىرىنى رىمونۇت قىلدۇرغان ئىدىم، ئەگەر ماشىنامنى ھەيدىگىلى بولمايدىغان ماشىنىلارنى سېتىش ئورنىغا ساتسام نەچچە پۇلغا يارايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن؟.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سىزنىڭ ماشىنا بازىرىنىڭ باھالىغۇچىسى باھالاپ بەرگەن مىقداردىكى پۇلنى ئېلىشىڭىزدا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، چۈنكى بۇنداق ئەھۋالدا تەجرىبىلىك كىشىلەرنىڭ قارىشى كۆچكە ئىگە بولىدۇ.

ئەسلىدە، ھەرقانداق بىر كىشى باشقىلارنىڭ ماشىنىسىنى بۇزىۋېتىدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ بۇزىۋەتكەن ماشىنىنىڭ بۇزۇلغان يېرىنى ياستىتىپ بېرىشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ۋەقە سەۋەبىدىن ماشىنىنىڭ بازار باھاسىدىن چۈشۈپ كەتكەن قىممىتىنىمۇ قېتىپ تۆلەپ بېرىشى كېرەك بولىدۇ. "پىقھى ئېنسىكلوپېدىيىسى" 1-توم 226-بەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: "بىز بۇزىۋېتىلگەن نەرسىنىڭ

ئوخشىشى بولسا ئۇنىڭ ئوخشىشىنى تۆلەپ بېرىدىغانلىقى، ئەگەر باھالانسا ئۇنىڭ قىممىتىنى تۆلەپ بېرىدىغانلىقى شۇنىڭدەك ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتىنى بېكىتىشتە بۇزۇۋېتىلگەن ئورۇننىمۇ ئېتىبارغا ئېلىشتا ئۆلىمالارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ بارلىقىنى بىلمەيمىز".

يەنە 28-توم 233-بەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: "پىقھى ئۆلىمالىرى بۇلىغانلىق ياكى زىيان سالغانلىق ياكى بۇزۇۋەتكەنلىك ياكى باشقا سەۋەبلەردىن كەمىيىپ كەتكەن ماللارنى، قەستەن كەمەيتكەن بولسۇن ياكى خاتالىقتىن كەمەيتكەن بولسۇن ياكى سەھۋەنلىكتىن كەمەيتكەن بولسۇن ئۇنى تۆلىتىشتە ھېچ بىر ئورۇندا ئىختىلاپ قىلىشمىغان".

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بۇ يەردىكى مەسىلە، ماشىنا سايمانلىرى مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ماشىنا سايمانلىرى بىلەن بىرگە ماشىنىنىڭ سوقۇۋېتىش سەۋەبىدىن بازار باھاسىدىن چۈشۈپ كەتكەن قىممىتىنى تۆلەش مەسىلىسى، بۇ بەزى ۋاقىتتا كۆپچىلىك كىشىلەر بىلمەيدۇ، ھەر قانداق بىر كىشى سوقۇلۇپ كېتىپ ياساتقان ماشىنا بىلەن سوقالمىغان ماشىنانىڭ ئارىسىدىكى باھا پەرقىنى ياخشى بىلىدۇ. "نۇرۇن ئەلەددەربى پەتىۋالىرى".

ئۇ كىشىگە بېرىدىغان جاۋابىمىز: سىزنىڭ مۇشۇ مىقداردىكى مەبلەغنى ئېلىشىڭىزدا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، ھەتتا ماشىنىڭىزنى ئۇنىڭدىن ئازراق مەبلەغ بىلەن رىمونۇت قىلدۇرغان بولسىڭىزمۇ، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك، ھادىسە سەۋەبىدىن ماشىنىنىڭ چۈشۈپ كەتكەن باھاسىنىمۇ ئېتىبارغا ئېلىش زۆرۈر بولىدۇ.

سىز ئۈچۈن تۆلەم پۇلىنى ئېلىش بىلەن بىرگە، ماشىنىڭىزنى رىمونۇت قىلدۇرۇپ ھەيدىسىڭىزمۇ ياكى ھەيدىگىلى بولمايدىغان ماشىنىلارنى سېتىش ئورنىغا ئاپىرىپ ساتسىڭىزمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.